# ھال سوراش خېتى

**شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى ـ زاپاس خادىملار، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، ياردار ـ مېيىپ ھەربىيلەر، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ئارمىيەدىن قايتقان، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر:**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 93 يىللىقى پەيتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن سىلەرنىڭ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەيدۇ ۋە سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايدۇ!

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق ئارمىيەسى، يېڭى دەۋردە «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك. 93 يىل جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، بوران ـ چاپقۇنغا پەرۋا قىلمىدى، 93 يىل تىز پۈكمەي، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، مىسلىسىز مۇشەققەتلىك قوراللىق كۈرەشتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقىچە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىدە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تارىخ بېتىدە چاقناپ تۇرغان ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتى!

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، ئۇرۇشتا غەلىبىلىك جەڭ قىلىش، ئىستىلى ئېسىل بولۇش شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مۇجەسسەملەپ، ئۇرۇش تەييارلىقى، مانېۋىر، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قاتارلىق كۆپ خىللاشقان ھەربىي ۋەزىپىلەرنى قالتىس ئورۇنداپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى قەدەم تاشلاپ، يېڭى كەيپىياتنى نامايان قىلدى. كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە باتۇرلۇق بىلەن يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، جەڭگىۋار قوشۇنلۇق، زەربىدار ئەترەتلىك ۋە باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، ياردار ـ مېيىپ ھەربىيلەر، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ئارمىيەدىن قايتقان، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىسلىتىنى ساقلاپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان سەپلەردە ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ، «مەملىكەت بويىچە ئارمىيەدىن چېكىنگەن نەمۇنىلىك ھەربىي» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەڭ گۈزەل ھەربىي» قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىش، باھالاش پائالىيىتىدە، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر بارلىققا كېلىپ، پارتىيەگە سادىق بولىدىغان، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئالىيجاناب ھېسسىياتى ۋە قىممەتلىك پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ يەردە، سىلەرگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلماقتا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقتا. بىز دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللاپ، ھەربىي ـ خەلق يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە ئورتاق بەرپا قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى قوللايدىغان، ھەربىيلىك كەسپىگە ھۆرمەت قىلىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىمىز.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، ھەربىي ـ خەلق بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت، ھەربىي ـ خەلق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

يولداشلارنىڭ بايرىمىنىڭ خۇشال، تېنىنىڭ ساغلام، خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى**

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي، لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش «ئاساسىي گەۋدىسى»نى پۇختا ئىگىلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش «قىزىل سىزىقى»نى ھەقىقىي ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، لېكىن يەنە كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، زور خەۋپ ـ خەتەرنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش، زور يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش، زور مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇشنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تۇتقىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، پەۋقۇلئاددە زور بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك؛ ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن مۆلچەرلەشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزەش يۇقىرى بېسىملىق قاتتىق باشقۇرۇش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىم، ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى سىجىل مۇستەھكەملىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «پارتىيە، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت بولۇش، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ ۋە ساھەنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، كەسىپنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ «بىرىنچى قول رەھبەر»لىرى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بەنزىلىرىنىڭ باشقا ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت» تەلىپى بويىچە، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەسپىي خىزمەتنى تەڭ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، تەڭ يولغا قويۇپ، تەڭ تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورۇنلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن ياخشى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاڭلىق ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىگتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىگتۈەن، خەلق ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ھەممەيلەننىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇش، ھەممەيلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ھەممەيلەن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا توغرا يۆنىلىشتە چېتىنگىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتى يېپىق ھالقىسى ۋە كۈچلۈك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

## مۇكەممەل تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقالدى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يۇقۇشچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىشى تېز، كېسەل پەيدا قىلىشى يوشۇرۇن. بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ئومۇمىي تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ۋاقىت ـ مەزگىلگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، مۇكەممەل تەييارلىق ئارقىلىق كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇپ، ئېنىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئېنىقسىز ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچماسلىق كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قويۇپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ «قاراۋۇل»لۇق، ئالدىن تەكشۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئىلغاپ تەكشۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇچۇر مەلۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرىگە تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى، تېببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭىتىپ، نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلارنى تەكشۈرۈش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى يوچۇقلارنى ھەقىقىي ئېتىش كېرەك. قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەرتىپىنى چىڭىتىپ، خادىملارنى تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭىتىپ، ئاغرىقلارنى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ يۇقۇملانماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «تۆت تەرەپ» مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خېيچۈەن، ياڭ يۈك يىغىنغا قاتناشتى.